قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# تۈلكە بىلەن ئېيىق



تىل راۋان
Til Rawan



1. بىر دېھقان يەر ئاغدۇرۇۋېتىپ، ئېتىغا ئاچچىقلىنىپ: «ياخشى ئىشلىمەيدىغان بولساڭ، سېنى ئېيىققا تاشلاپ بېرىمەن!» دەپتۇ.

تىل راۋان
Til Rawan



2. يولدىن ئۆتۉپ كېتۋاتقان بىر
ئېيىق بۇ گەپنى ئاڭلاپ قېلىپ
ناھايىتى يايراپ كېتىپتۇ- دە:
«ئۇنداقتا، مەن يەۋەتسەم
بولغۇدەك» دەپتۇ.

تىل راۋان
Til Rawan



3. بۇ گەپنى ئاڭلاپ دېھقاننىڭ كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بوپتۇ. ئۇ ئېيىققا يېرىنى ئاغدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئېتىنى يېيىشنى ئېيتىپتۇ. ئېيىق خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بوپتۇ.



4. بىر تۈلكە بۇ يەرگە
كېلىپ دېھقاننىڭ
غەمكىن چىرايىنى
كۆرۈپ، نېمە ئىش
بولغانلىقىنى سوراپتۇ.



دېھقان بايىقى
ئىشلارنى ئۇنىڭغا
سۆزلەپ بېرىپتۇ.
تۈلكىنىڭ ئۇنىڭغا
ئىچى ئاغرىپتۇ.

تىل راۋان
Til Rawan




5. تۆلكە: « قورقما، مەن ئۇ ئېيىققا تاقابىل تۇرالايمەن، بىراق سەن ماڭا نېمە بېرىسەن؟» دەپتۇ.

دېھقان: « ئىش تۆگىگەندىن كېيىن مەن ساڭا بىر قانچە توخۇ بېرىمەن» دەپتۇ.

تىل راۋان
Til Rawan



6. توٰلكه سۆزنى توٰگتىپلا، ئېتىز
بويدىكى دەرەخزارلىقنىڭ ئىچىگە
يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپتۇ.



7. ھېلىقى ئېيىق كېلىپ تۇرۇشىغا،
تۇيۇقسىز دەرەخزارلىق ئىچىدىن
قوڭغۇراقنىڭ جىرىڭ - جىرىڭ
قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.



8. ئېيىق: « ئۇ نېمىنىڭ ئاۋازى؟»
دەپ سوراپتىكەن، دېھقان:
«شاھزادە ئېيىق ئوۋلاۋاتىدۇ!»
دەپتۇ.

تىل راۋان
Til Rawan




٩. ئێيق قورقۇپ كێتىپ: « سەن هەرگىز مێنی تۇتۇپ بەرمە، مەن ئێتىگنی يێمەيمەن» دەپتۇ.
دێهقان: «ياق، مەن سێنی ئوۋچىغا تۇتۇپ بەرمەيمەن» دەپتۇ.

تىل راۋان
Til Rawan

10. دەل شۇ چاغدا، تۈلكە دەرەخزارلىق ئىچىدىن:

«ھەي دېھقان، سېنىڭ يېنىڭدىكى ئاۋۇ قارا نەرسە نېمە؟»



دەپ ۋارقىراپتۇ.

11. ئبيق ئالدىراپ - تىنەپ: «سەن ئۇنىڭغا دەرەخ كۆتىگى دىگىن» دەپتۇ. دىھقان: «ئۇ دەرەخ كۆتىكى» دەپتۇ.




تىل راۋان
Til Rawan

12. تۈلكە يەنە: «ئۇنداقتا، سەن ئۇنى نېمىشقا كېسىۋەتمەيسەن؟» دەپتۇ.



ئېيىق پەس ئاۋازدا: «مېنى يىقىتىۋەتكىن» دەپتۇ. دېھقان ئۇنى يىقىتىۋېتىپتۇ.



تىل راۋان
Til Rawan



13. توٰلكه يەنە: «هاماقەت نېمكەنسەن، ئۇنداقتا ئۇ دەرەخ كۆتكنى نېمشقا چاناڭنڭ ئوٰستگه باسمايسەن؟» دەپ ۋارقراپتۇ.

تل راۋان
Til Rawan



14. ئېيىق پەس ئاۋازدا: «چاپسان باسقىن» دەپتۇ. دېھقان ئېيىقنى يۈدۈپ، ئۇنى چانىنىڭ ئۈستىگە بېسىپتۇ.

تىل راۋان
Til Rawan




15. تۈلكە يەنە: «راستىنلا هاماقەت ئىكەنسەن، نېمىشقا ئۇنى چانىغا باغلاپ قويمايسەن، بولمىسا ئۇ ئۆرۈلۈپ چۈشمەمدۇ؟!» دەپتۇ.

تىل راۋان
Til Rawan




16. ئېيىق دېھقانغا: «ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلغىن، ئەمما بەك چىڭ باغلىۋەتمىگىن» دەپ يالۋۇرۇپتۇ. دېھقان ئېيىقنى مەھكەم باغلاپتۇ.




17. تۈلكە يەنە ئاچچىقلىنىپ: «مەن ساڭا ھەممىنى ئۆگىتەمدىمەن؟ سەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش پالتىنى ئېلىپ ئۇنى چانىۋەتمەسمەن!» دەپتۇ.



18. ئېيىق قاتتىق چۆچۈپ،
دېھقاندىن ئۆزىنى چانىۋەتمەسلىكنى
ئۆتۈنۈپتۇ. لېكىن دېھقان ئۇنى
چاناپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

تىل راۋان
Til Rawan





19. تۈلكە دەرەخزارلىقتىن چىقىپ، دېھقان بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە توخۇنى ئالماقچى بولۇپ مېڭىپتۇ.




20. دېھقاننىڭ ئۆيىگە ئاز قالغاندا، دېھقان تۈلكىگە: «سەن بۇ يەردە ساقلاپ تۇر، مەن توخۇلارنى تۇتۇپ كېلەي، بولمىسا توخۇلىرىم سېنى كۆرسە قورقۇپ قېچىپ كېتىدۇ» دەپتۇ.

تىل راۋان
Til Rawan




21. دېھقان بىر قۇرۇق تاغارنى ئېلىپ كېلىپ، تۈلكىگە: «سەن تاغارنىڭ ئىچىدىن ئۆزۈڭ ئېلىۋال، تاغاردىن چىقارسام توخۇلىرىم قېچىپ كېتىدۇ» دەپتۇ.

Til Rawan تىل راۋان



22. تۈلكە خۇشال بولۇپ، تاغارنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ.

تىل راۋان
Til Rawan




23. دېھقان تاغارنىڭ ئاغزىنى دەرھال ئېتىۋاپتۇ. تۈلكە تاغارنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ: «سېنىڭ ماڭا بەرگەن ھەققىڭ مۇشۇمۇ؟» دەپتۇ.













تل راوان
Til Rawan

پەقەت ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە ئىشلىتىش ئۇچۇن تەييارلاندى. ھەر قانداق نەشرىيات ۋە مەتبۇئات ئورگانلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا كەڭ كۆلەمدە بېسىپ تارقىتىشىغا يول قويۇلمايدۇ. ئەگەر رۇخسەتسىز تارقىتىلسا، قانۇنىي جاۋاپكارلىقنى شەخس ۋە ئورگان ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.